شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 12 ـ ئاي
29
يەكشەنبە
维吾尔文 12 月29日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24924 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

ئارال شەھىرى دۆلەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپلەر باغچىسى ئېتىراپ قىلىندى

شىنجاڭ بويىچە تۇنجىسى   يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 74.2%كە يەتتى

مۇخبىرىمىز لى شىك خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، يېزا ئىگىلىكى، يېزا مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى مەملىكەت بويىچە 2 ـ تۈركۈمدىكى 29 دۆلەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپلەر باغچىسىنىڭ ئېتىراپ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، بىڭتۇەن 1 ـ شىسىنىڭ ئارال شەھىرى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپلەر باغچىسى تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجىسى.

دۆلەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپلەر باغچىسى يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يېتەكلەشتىكى باشلامچى، يېزا ـ كەنت كەسپلىرىنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ئۆرنەك رايونى. ئارال شەھىرى دۆلەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپلەر باغچىسى چىلاننى يېتەكچى كەسپ قىلغان بولۇپ، چىلان ئۆستۈرۈش كۆلىمى 127 مىڭ 600 موغا يېتىدۇ، يېتەكچى كەسپنىڭ قاپلاش نىسبىتى 60.09%كە يېتىدۇ. 2018 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قۇرۇش تەستىقلانغاندىن بۇيان، ئارال شەھىرى كەسپلەر باغچىسى بەرپا قىلىشنى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، سىياسىي خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلاش
شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، ئىدىيە ئالماشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشى ئۈچۈن ئۈلگە بولدى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىپ بەردى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىنغان، پۈتۈن ۋەزىيەت بىرتۇتاش ئىگىلەنگەن بولۇپ، ماھىيەتلىك مەزمۇنى چوڭقۇر، كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇردۇ، بىزنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئۇزۇن مۇددەتلىك تېما قىلىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىش، باشتىن ـ ئاخىر كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتى ۋە ئالغا ئىلگىرلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ساقلىشىمىز ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، جاسارەت بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەرەققىيات سۈپىتىنى تېخىمۇ يېتەرلىك قىلدى

☐ **بەي جيېۋ**

يېقىندا، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم نامرات دېھقان ـ چارۋىچى ئېگىزلىكتىكى چوڭقۇر تاغلار ۋە قۇملۇقلارنىڭ ئىچكىرىسىدىن دۆلەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ياردەم تولۇقلىمىسى بەرگەن بىخەتەر ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»دىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالدى، 40 مىڭ 146 ئائىلىدىكى 169 مىڭ 400 ئادەم خۇشال ھالدا يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى.

باشقا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇسۇللىرىغا سېلىشتۇرغاندا، باشقا جايغا كۆچۈرۈشنىڭ ھەممىشە مەشغۇلات ۋاقتى ئۇزاق، يولغا قويۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىنى بىۋاستە سىنايدۇ. تۇرالغۇدىن باشقا، شىنجاڭ يەنە تۇرۇبا سۈيى، ئەۋرەز يولى، ئېلېكتر تورى، يول، يېقىلغۇ گاز قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەرنى ماس قەدەمدە يانداشتۇرۇپ قۇرۇپ، كۆچۈرۈلگەن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى؛ يۇقىرى ئۆلچەملىك زامانىۋى يەسلى، باشلانغۇچ مەكتەپ، شىپاخانا، كەنت ئاھالىلىرى پائالىيەت مەركىزى ۋە گۈللۈك مەيدان قاتارلىق پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ كۆچۈرۈلگەن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى؛ كارخانىلارنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىش، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششى، ئىگىلىك تىكلىشىگە ئىلھام بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق كۆچۈرۈلگەن نامرات ئائىلىلەرنى تۇرۇپ قالدىغان، مۇقىم تۇردىغان، بېيىيالايدىغان قىلدى... مۇخبىر زىيارەت داۋامىدا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەۋقەنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشتەك ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىرلەرنى ئېلىپ چىقىپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈشتىكى ئېنىقسىزلىقنى تۈگىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى بايقىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا

«قوشۇش، ئېلىش ئۇسۇلى»نى ياخشى ئىشلەش   شىنجاڭنىڭ ساياھەت مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر ئۈرۈمچىگە جايلاشقان يىپەك يولى خەلقئارا ئىستىراھەت رايونى قار تېيىلىش مەيدانىدا قار تېيىلماقتا. بۇ قار تېيىلىش مەيدانى خەلقئارا ئۆلچەمگە ئۇيغۇن ئەلا سۈپەتلىك قار تېيىلىش يولى ۋە مۇكەممەل ياندىش ئەسلىھەلەرگە ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى قار پەسلىدە نۇرغۇن قار تېيىلىش ھەۋەسكارلىرىنى جەلپ قىلىدۇ. ☐ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

مۇخبىرىمىز **رېن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل، شىنجاڭ ساياھەت مۇھىتى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈردى، بولۇپمۇ «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» «ئۈچ ناچار بولۇش، بىر قالايمىقان بولۇش» «نامۇۋاپىق تۆۋەن باھالىق ساياھەت» قاتارلىق 13 جەھەتتىكى مەسىلىنى چۆرىدەپ مەركەزلىك تۈزىدى ۋە ئۆستۈردى، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

«بۇ يىل، بىز 300 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، ساياھەت ئۇل ئەسلىھەسىنى ياخشىلىدۇق، مەنزىرە رايونى يولىنى راۋانلاشتۇرۇش، مەنزىرە ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشتىن باشقا، نۇقتىلىق قىلىپ ساياھەت مۇلازىمەت مەركىزىدىن يەتتىنى، ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسىدىن 27نى يېڭىدىن سالدۇق، ئۆزگەرتتۇق» دېدى توققۇزتارا ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇئاۋىن ھاكىم چياۋ شۆگاڭ تونۇشتۇرۇپ.

يىل بېشىدا، ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن يىللىق «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ۋەزىپە تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىپ، خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش، تۈرتكە بولۇشقا تەشكىللىدى. نۆۋەتتە، بۇ يىل 527 ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسى، 100 ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، 36 ماي قاچىلاش پونكىتى، 95 خەۋەرلىشىش ئاساسىي پونكىتى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاپ، شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ ئازادىلىك دەرىجىسى ۋە رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى.

«قوشۇش ئۇسۇلى»نى ئىشلەش بىلەن بىللە «ئېلىش ئۇسۇلى»نىمۇ ئىشلەدى، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت بازىرىدىكى قانۇنغا خىلاپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ تۈرلۈك قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت بازىرىنىڭ تەرتىپىنى تۈزەش ھەرىكىتىنى سىجىل قانات يايدۇردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھىرى

خەلقنى كۆزلەش ھېسسىياتىنى پۇختىلىدى   پۇقرالارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇردى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

☐ **مۇخبىرىمىز جاۋ چۈنخۇا**

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى، نەتىجىسىنى پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىش، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى تاۋلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش داۋامىدا خەلقنى كۆزلەش ھېسسىياتىنى كۈچەيتتى.

ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش   ئىدىيەۋى سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش

باش تېما تەربىيەسىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى رايون(ناھىيە)لار، تارماقلار، ئورۇنلار دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

«بۇ كەلسە كەتكۈسى كەلمەيدىغان جاي»

چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ

☐ **مۇخبىرىمىز جاڭ رۇيلىن**

«ئەگەر مۇۋاپىق ئورۇن بولسا، مەن بۇ يەردە قالىمەن، ۋاقتى كەلگەندە ئۆيۈمدىكىلەرنىمۇ ئەكىلىۋالىمەن.» 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، كەلگۈسىدىكى پىلانى ئۈستىدە توختالغاندا، شىنجاڭ تىببىي داشۆسىنىڭ كىلىنىكىلىق مېدىتسىنا كەسپىدە ئوقۇۋاتقان تاجىكىستانلىق ئوقۇغۇچى دودۇخدۇي بوينەزەر كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

دودۇخدۇي جۇڭگو تىلى ئۆگىنىشتە، ئەڭ دەسلەپتە ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىدىغان تاغىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 2007 ـ يىلى تاغىسى ئۇنى جۇڭگو شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەندى، قىسقىغىنا ئۈچ ئاي ۋاقىتتا، دودۇخدۇي ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ قىزغىن، مېھماندوست شەھەرنى ياقتۇرۇپ قالدى. قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا جۇڭگودا ئوقۇغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى ھەم ئىككى يىلدىن كېيىن شىنجاڭ تىببىي داشۆسىنىڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى **سىرجان ئۇغۇباي**

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىقى خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزاننى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا قارىتا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى

ئالدىنقى 11 ئايدا ئېلېكترونلۇق سودا سوممىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40% ئاشتى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

مۇخبىرىمىز **جاڭ جىلى**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **خاۋ لىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «شائىخەيلىك خېرىدار ئۈچ يېشىك قۇرۇق مېۋە زاكاز قىلدى، شېنجېنلىق خېرىدار سەككىز يېشىك قۇرۇق مېۋە زاكاز قىلدى...» 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئۈچتۇرپان بازارلىق ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ئادىل ئالىم خىزمەتدىشى بىلەن قۇرۇق مېۋىنى يېشىكلەرگە قاچىلىغاچ مال زاكاز قىلىش ئۆچۈرىنى سېلىشتۇردى.

ئادىل خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «يېڭى يىل كېلەي دەپ قالدى، زاكاز بەك كۆپ، پونكىتىمىزنىڭ كۈندىلىك سودا سوممىسى 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ، قۇرۇق مېۋە قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بېيجىڭ ۋە شەرقىي جەنۇبتىكى دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرگە سېتىلىدۇ».

ئۈچتۇرپان بازارلىق ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ ئامبىرى مېھنەت باغ ـ ئورمان كەسپى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا تەسىس قىلىنغان. ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىكى ئىشچىلار ياڭاقنىڭ پوستىنى ئاجرىتىپ قۇرۇتۇپ، ئايرىپ پىششىقلايدۇ، يەنە زاكاز قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل مەخسۇس خىزمەتچى خادىم بار.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

مانا بۇ بەختلىك تۇرمۇشتا بولۇشقا تېگىشلىك ھالەت

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

☐ **مۇخبىرلىرىمىز لى شىك، شى خۇيبىيەن**

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، چىرا ناھىيە بازىرىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ئاپتوموبىل رېمونتخانىسىدا، ئىش كىيىمى كىيىۋالغان 24 ياشلىق ئەخمەتجان بالون ياماۋاتاتتى. ئۇ ئۇستىلىق بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ چاقىنى چىقىرىپ، كامېرنى قاسقاندىن ئاجراتتى، تېشىلگەن يەرنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن، ياماپ، تەكشۈرۈپ بالوننى قايتىدىن سېلىپ، ئاپتوموبىلغا ئورناتتى، پۈتكۈل جەريان تېز ۋە ئاياغلاشتى.

«ياخشىمۇ سىز!» مۇخبىرلار تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن ئەخمەتجان بىلەن سالاملاشتى. ئۇ پەلىينى سېلىۋېتىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە «ياخشىمۇ سىز» دەپ جاۋاب بەردى، ئاۋازى جاراڭلىق، ئۇرغۇلۇق ئىدى.

بۇ شاگىرتنى كۆپچىلىك ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختىشىدۇ

بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئەخمەتجان بۇ ئاپتوموبىل رېمونتخانىسىغا كېلىپ ئىشلىدى، ھازىر يېرىم يىلدىن ئاشتى. بۇ مەزگىلدە، ئەخمەتجان ئاپتوموبىل رېمونت قىلىشتىكى بىر قىسىم ئاساسىي تېخنىكىلارنى، مەسىلەن، بالون ياماش،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)